# 2006 ـ يىللىق دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى تېزىسى

## Guojia Sifa Kaoshi Dagang

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تۈزگەن



مىللەتلەر نەشرىياتى

# 2006ـيىللىق دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى تېزىسى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تۈزگەن

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

2006年国家司法考试大纲/中华人民共和国司法部制定；中国民族语文翻译中心：吐送江・艾山译；伊明・阿布拉审定；责任编辑：阿合买提江；—北京：民族出版社，2006.4

ISBN 7-105-07628-3

Ⅰ.2… Ⅱ.①中…②民… Ⅲ.法律工作者—资格考核—考试大纲—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.D92-41

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第029904号

**2006年国家司法考试大纲**

民族出版社出版发行

(北京市和平里北街14号　邮编：100013)

中国民族语文翻译中心微机照排

迪鑫印刷厂印刷　　各地新华书店经销

2006年4月第1版　2006年4月北京第1次印刷

开本：787毫米×960毫米　1/16　印张：17.5

印数：001—2200册　　定价：21.00元

---

该书如有印装质量问题，请与本社发行部联系退换

总编室电话：64212794　　发行部电话：64211734)

# ئىزاھات

«دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانىنى يولغا قويۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» ۋە 2006ـ يىللىق دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسىگە ئاساسەن، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، «2005ـ يىللىق دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى تېزىسى» ئاساسىدا بۇ تېزىس تۈزۈپ چىقتى.

بۇ تېزىس ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ: بىرىنچى قىسمى، 2006ـ يىللىق دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانىنىڭ چۈشەندۈرۈلمىسى؛ ئىككىنچى قىسمى، ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ ئىمتىھان مۇھىم نۇقتىسى ۋە دائىرىسى.

بۇ تېزىسنى تۈزۈش، تۈزىتىش داۋامىدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قانۇنشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى، غەربىي جەنۇب سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى، دىپلوماتىيە ئىنستىتۇتى، جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى، خۇادۇڭ سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭنەن مالىيە-ئىقتىساد سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى، خۇانەن تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتى شۇنىڭدەك بېيجىڭ خەنخۇا ئادۋوكاتلىق ئورنى، بېيجىڭ جىنچېڭ ئادۋوكاتلىق ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتۇق، بۇ يەردە يوقىرىقى ئورۇنلارغا رەھمەت ئېيتىمىز.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى

2006ـ يىل 3ـ ئاي

# 2006-يىللىق دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى توغرىسىدا ئىزاھات

## 1. ئىمتىھاننىڭ خاراكتېرى ۋە سىناش نىشانى

دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى — دۆلەت بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان ئالاھىدە قانۇن كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان سالاھىيەت ئىمتىھانى. يېڭىدىن سودىيە، پروكۇرور بولىدىغانلار ۋە ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشمەكچى بولغانلار دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشى شەرت. دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولغان خادىملار ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە قانۇن كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتى بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

مۇشۇنى ئاساس قىلىپ، دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى ئىلمىي، مۇۋاپىق، ئادىل بولغان ئىمتىھان شەكلى ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ سودىيە، پروكۇرور ۋە كەسپكار ئادۋوكاتلىق ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، قانۇن كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ھازىرلاشقا تېگىشلىك بىلىم ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلىغان ياكى ھازىرلىمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشنى نىشان قىلىدۇ.

## 2. ئىمتىھان مەزمۇنى ۋە ئىمتىھان ئېلىنىدىغان پەنلەر

«دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانىنى يولغا قويۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى نەزەرىيىۋى قانۇنشۇناسلىق، ئەمەلىي قانۇنشۇناسلىق، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن بەلگىلىمىلىرى، قانۇنغا دائىر ئەمەلىي ئىشلار ۋە قانۇن كەسپ ئەخلاقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ ئاساستا ھەمدە مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ قانۇن كەسپى ئاساسلىق دەرسلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 2006-يىللىق ئەدلىيە ئىمتىھانىدا ئىمتىھان ئېلىنىدىغان پەنلەر قانۇن نەزەرىيىسى ئىلمى، قانۇن-تۈزۈم تارىخى، ئاساسىي قانۇن، مەمۇرىي قانۇن ۋە مەمۇرىي دەۋا قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، سودا قانۇنى، ئىقتىسادىي قانۇن، خەلقئارا قانۇن، خەلقئارا خۇسۇسىي قانۇن،



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

خەلقئارا ئىقتىسادىي قانۇن، ئەدلىيە تۈزۈمى ۋە قانۇن كەسپ ئەخلاقى قاتارلىق 14 پەن قىلىپ بېكىتىلدى.

**3. ئىمتىھان شەكلى**

دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى يېپىق يازما شەكىلدە بولۇپ، ئىككى كۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**4. ئىمتىھان قەغىزىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىمتىھان تەلىپى**

2006-يىللىق دۆلەت ئەدلىيە ئىمتىھان قەغىزىنىڭ كونكرېت قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى ئىمتىھان قەغىزى:** بۇ ئىمتىھان قەغىزىدە جەمئىي 100 سوئال بار بولۇپ، بىرلا جاۋاب تاللاش سوئاللىرى، كۆپ جاۋاب تاللاش سوئاللىرى ۋە ئىختىيارى تاللاش سوئاللىرىدىن تەركىپ تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرلا جاۋاب تاللاش سوئاللىرى 50 بولۇپ، ھەر بىر سوئال ئۈچۈن 1 نومۇر بېرىلىدۇ؛ كۆپ خىل جاۋاب تاللاش ۋە ئىختىيارى تاللاش سوئاللىرى 50 بولۇپ، ھەر بىر سوئال ئۈچۈن 2 نومۇر بېرىلىدۇ. تولۇق نومۇر 150، ئىمتىھان ۋاقتى 180 مىنۇت.

بۇ سوئاللار تۆۋەندىكى پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: قانۇن نەزەرىيىسى ئىلمى، قانۇن-تۈزۈم تارىخى، ئاساسىي قانۇن، ئىقتىسادىي قانۇن، خەلقئارا قانۇن، خەلقئارا خۇسۇسىي قانۇن، خەلقئارا ئىقتىسادىي قانۇن، ئەدلىيە تۈزۈمى ۋە قانۇن كەسپ ئەخلاقى

**ئىككىنچى ئىمتىھان قەغىزى:** بۇ ئىمتىھان قەغىزىدە 100 سوئال بار بولۇپ، بىرلا جاۋاب تاللاش سوئاللىرى، كۆپ جاۋاب تاللاش سوئاللىرى ۋە ئىختىيارىي تاللاش سوئاللىرىدىن تەركىپ تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى تاق تاللاش سوئاللىرى 50 بولۇپ، ھەر بىر سوئال ئۈچۈن 1 نومۇر بېرىلىدۇ؛ كۆپ تاللاش ۋە ئىختىيارى تاللاش سوئاللىرى 50 بولۇپ، ھەر بىر سوئال ئۈچۈن 2 نومۇر بېرىلىدۇ. تولۇق نومۇر 150، ئىمتىھان ۋاقتى 180 مىنۇت.

بۇ سوئاللار تۆۋەندىكى پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، مەمۇرىي قانۇن ۋە مەمۇرىي دەۋا قانۇنى

**ئۈچىنچى ئىمتىھان قەغىزى:** بۇ ئىمتىھان قەغىزىدە 110 سوئال بولۇپ، بىرلا

جاۋاب تاللاش سوئاللىرى، كۆپ جاۋاب تاللاش سوئاللىرى ۋە ئىختىيارى تاللاش سوئاللىرىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرلا جاۋاب تاللاش سوئاللىرى 50 بولۇپ، ھەر بىر سوئال ئۈچۈن 1 نومۇر بېرىلىدۇ؛ كۆپ جاۋاب تاللاش ۋە ئىختىيارى تاللاش سوئاللىرى 50 بولۇپ، ھەر بىر سوئال ئۈچۈن 2 نومۇر بېرىلىدۇ. تولۇق نومۇر 150، ئىمتىھان ۋاقتى 180 مىنۇت.

بۇ سوئاللار تۆۋەندىكى پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى(كېيىن تولۇقلىمىسىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

**تۆتىنچى ئىمتىھان قەغىزى:** بۇ ئاساسلىقى قىسقىچە تەھلىل قىلىش سوئالى، تەھلىل قىلىش سوئالى، قانۇن ھۆججەتلىرىگە ئائىت سوئاللار ۋە مۇلاھىزە قىلىش سوئاللىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تولۇق نومۇر 150، ئىمتىھان ۋاقتى 210 مىنۇت.

بۇ سوئاللار تۆۋەندىكى پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: قانۇن نەزەرىيىسى ئىلمى، ئاساسىي قانۇن، مەمۇرىي قانۇن ۋە مەمۇرىي دەۋا قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى.

يۇقىرىدىكى تۆت تۈركۈم ئىمتىھان قەغىزىنىڭ ئومۇمىي نومۇرى 600. بۇ تۆت ئىمتىھاننىڭ ھەممىسىگە جەزمەن قاتنىشىش شەرت شۇنداقلا تۆت تۈرنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق بىرىدىن نۆل ئالسا بولمايدۇ. ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ھەرقايسى تۈردىكى نەتىجىسى شۇ يىل ئىچىدە كۈچكە ئىگە.

**5. سوئال تىپلىرى ۋە ئۈلگە**

(1) بىرلا جاۋاب تاللاش سوئاللىرى

تەلەپ: ھەر بىر سوئالغا تۆت خىل جاۋاب بېرىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرلا جاۋاب توغرا، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر توغرا جاۋابنى تاللاپ چىقىپ، تەلەپ بويىچە جاۋاب يېزىش كارتوچكىسىدىكى مۇناسىپ ئورۇننى بوياشقا كېرەك، كۆپ تاللىسا ياكى تاللىمىسا نومۇر بېرىلمەيدۇ.

ئۈلگە: گۈل باققۇچى ئەخمەت باشقىلارنىڭ گۈل ئوغرىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، گۈل پارنىكى ئەتراپىغا توكلۇق سىم توساق تارتقان. بىر كۈنى كېچىسى،

ئادىل گۈل ئوغرىلىغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن توك سوقۇۋەتكەن، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ئەخمەتنىڭ بۇ خىل ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىكى سۇبيېكتىپ پسىخىك پوزىتسىيىسى نېمە؟

A. بىۋاسىتە قەستەنلىك

B. ۋاسىتىلىك قەستەنلىك

C. ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن بولغان سەۋەنلىك

D. بىپەرۋالىقتىن بولغان سەۋەنلىك

(2) كۆپ خىل جاۋاب تاللاش سوئالى

تەلەپ: ھەر بىر سوئالغا تۆت خىل جاۋاب بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق جاۋاب توغرا، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر توغرا جاۋابنى تاللاپ چىقىپ، تەلەپ بويىچە جاۋاب يېزىش كارتوچكىسىدىكى مۇناسىپ ئورۇننى بويىشى كېرەك، كۆپ تاللىسا، ئاز تاللىسا ياكى تاللىمىسا نومۇر بېرىلمەيدۇ.

ئۆلگە: A شىركەت B شىركەت بىلەن بولغان سودىدا 1 مىليون يۈەنلىك پېرېۋوت چېكىگە ئېرىشكەن بولۇپ، چەك كەسكەن ئورۇن B شىركەت، پۇل بەرگۈچى ئورۇن بولسا C شىركەت بولۇپ، پېرېۋوت چېكىگە D، E ئىككى شىركەتنىڭ كېپىللىك تامغىسى بېسىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە D شىركەت 800 مىڭ يۈەنگە، E شىركەت 200 مىڭ يۈەنگە كېپىل بولغان. كېيىن C شىركەت بۇ چەكنى نەقلەشتۈرۈشنى رەت قىلغان. تۆۋەندىكى ھۆكۈملەرنىڭ قايسى توغرا؟

A. نەقلەشتۈرۈش رەت قىلىنغاندا A شىركەت بىر مىليون يۈەننى B شىركەتتىن تۆلىتىۋالسا بولىدۇ.

B. نەقلەشتۈرۈش رەت قىلىنغاندا A شىركەت پەقەت B شىركەت بىلەن تۈزگەن سودا توختامى بويىچىلا B شىركەتتىن پۇل تۆلەشنى تەلەپ قىلالايدۇ.

C. A شىركەت پەقەت ئايرىم-ئايرىم ھالدا D شىركەتتىن 800 مىڭ يۈەننى، E شىركەتتىن 200 مىڭ يۈەننى تۆلىتىۋالسا بولىدۇ.

D. D شىركەت ۋە E شىركەت A شىركەت ئالدىدا چاتما جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

(3) ئىختىيارى تاللاش سوئالى

تەلەپ: ھەر بىر سوئالغا تۆت خىل جاۋاب بېرىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ياكى بىردىن ئارتۇق (تۆتىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جاۋاب توغرا. ئىمتىھان بەرگۈچىلەر توغرا جاۋابنى تاللاپ چىقىپ، تەلەپ بويىچە جاۋاب يېزىش كارتوچكىسىدىكى مۇناسىپ ئورۇننى بويىشى كېرەك، كۆپ تاللىسا، ئاز تاللىسا ياكى تاللىمىسا نومۇر بېرىلمەيدۇ.

ئۈلگە: مەلۇم بىر سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغان قاتناش قائىدىسى بويىچە جازا بېرىش دېلوسىدا، جاۋابكار دەۋاگەرنىڭ قىزىل چىراق يېنىقلىق ھالەتتە يولنى كېسىپ ئۆتكەن نەق مەيدان خاتىرىسى بىلەن تەمىنلىگەن. مەزكۇر نەق مەيدان خاتىرىسىدە دەۋاگەرنىڭ قىزىل چىراق يېنىقلىق ھالەتتە يولنى كېسىپ ئۆتكەن ۋاقتى، ئورنى، ئىمزا قويۇشنى رەت قىلىش ئەھۋالى ئېنىق يېزىلغان، ئەمما ئۇنىڭدا دەۋاگەر ياكى باشقا گۇۋاھچىلارنىڭ ئىمزاسى يوق. دەۋاگەر شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ نەق مەيداندا يوقلىقىدا چىڭ تۇرغان، ھەم بىر دوستى سوتتا گۇۋاھلىق بەرگەن. جاۋابكار ۋە دەۋاگەر ئىككى تەرەپ تەمىنلىگەن دەلىل-ئىسپاتقا ئاساسەن سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى قانداق بېكىتىشى كېرەك؟

A. سوت مەھكىمىسى دەۋاگەرنى قىزىل چىراق يېنىقلىق ھالەتتە يولنى كېسىپ ئۆتكەن دەپ بېكىتسە بولىدۇ.

B. سوت مەھكىمىسى دەۋاگەرنى قىزىل چىراق يېنىقلىق ھالەتتە يولنى كېسىپ ئۆتمىگەن دەپ بېكىتسە بولىدۇ.

C. سوت مەھكىمىسى دەۋاگەرنىڭ قىزىل چىراق يېنىقلىق ھالەتتە يولنى كېسىپ ئۆتكەن-ئۆتمىگەنلىكىنى بېكىتىشكە ئامالسىز.

D. سوت مەھكىمىسى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرگەندىن كېيىن بېكىتىشى كېرەك.

(4) قىسقىچە تەھلىل قىلىش سوئالى

تەلەپ: ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ سوئالغا ئاساسەن جاۋاب بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىمتىھان بەرگۈچىلەر سوئالنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشى، تەلەپ بويىچە جاۋاب بېرىشى كېرەك.

ئۈلگە: بوستان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلار،

شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش ترانسپورت تىجارەت شىركىتى (تۆۋەندە شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش شىركىتى دەپ ئاتىلىدۇ)نى چاقىرىپ ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن، بوستان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «يىغىن خاتىرىسى»نى تارقىتىدۇ، ئۇنىڭدا شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ تىجارەت دائىرىسى تەستىقلانغان شەھەر رايونى ئىچىدە بولىدۇ؛ شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ شەھەر رايونى ئىچىدە ئاچقان لىنىيىدە نورمال تىجارەت ئېلىپ بېرىشىنى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ، قاتناش رەسمىيەت ھەققى ئېلىنمايدۇ؛ شەھەر رايونى دائىرىسىدە، ئەسلىدىكى قاتناش تارماقلىرى مەسئۇل بولغان شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تىجارىتىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئىشىغا شەھەرلىك قۇرۇلۇش تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. «يىغىن خاتىرىسى» تارقىتىلغاندىن كېيىن، بوستان شەھەرلىك قاتناش ئىدارىسى «يىغىن خاتىرىسى»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تىجارىتىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى توختاتقان.

قاتناش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەركىن، تۇرغۇن، قاسىم ئۈچەيلەننىڭ تىجارەت لىنىيىسى «يىغىن خاتىرىسى»دە بەلگىلەنگەن قاتناش رەسمىيەت ھەققى كەچۈرۈم قىلىنغان شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ ئىككى تىجارەت لىنىيىسى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما «يىغىن خاتىرىسى» بويىچە ئۇلار قاتناش رەسمىيەت ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش ئېتىبارىدىن بەھرىمەن بولالمىغان. ئۈچەيلەن بۇنىڭغا قايىل بولماي، سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، «يىغىن خاتىرىسى»دىكى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ قاتناش رەسمىيەت ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلغان، ھەمدە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ «يىغىن خاتىرىسى»دىكى شەھەرلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تىجارىتىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى توختىتىشقا دائىر مەزمۇنلارنى قانۇنسىز دەپ بېكىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان.

سوئال: 1. بوستان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى «يىغىن خاتىرىسى»دە ئېلان قىلغان شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ قاتناش رەسمىيەت ھەققىنى

كەچۈرۈم قىلىشقا دائىر مەزمۇنلار مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ دىلو قوبۇل قىلىش دائىرىسىگە كىرەمدۇ؟ نېمىشقا؟

2. ئەركىن، تۇرغۇن، قاسىملارنىڭ دەۋاگەرلىك سالاھىيىتى بارمۇ-يوق؟ نېمىشقا؟

3. ئەركىن، تۇرغۇن، قاسىملارنىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىن شەھەرلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تىجارىتىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى توختىتىشقا دائىر مەزمۇنلارنى قانۇنسىز دەپ بېكىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسى سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ قاراپ چىقىش دائىرىسىگە كىرەمدۇ يوق؟ نېمىشقا؟

**(5) تەھلىل قىلىش سوئالى**

تەلەپ: ئىمتىھان بەركۈچىلەرنىڭ دېلو ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇمۇمىيۈزلۈك تەھلىل ئېلىپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىمتىھان بەرگۈچىلەر سوئالنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىشى، تەلەپ بويىچە جاۋاب بېرىشى كېرەك.

ئۈلگە: ئىلھام ئۆزۈن مەزگىل A شەھىرىنىڭ پىيادىلەر بىر قەدەر كۆپ ئۆتىدىغان يول بويىدا تۇرۇپ يولۇچىلاردىن كىملىك كېرەكمۇ دەپ سورىغان ۋە كىملىك كېرەك بولغانلارنىڭ رەسىم، ئادرېس قاتارلىق ماتېرىياللىرىنى ئۇسمانغا يالغان كىملىك ياساش ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۇسمان يالغان كىملىك ياساپ بولغاندىن كېيىن، ئىلھام سېتىۋالغۇچىلارغا تاپشۇرغان. بۇ جەرياندا، ئىلھام يالغان كىملىكنى ئىشلىتىپ يانفوننى تورغا كىرگۈزۈش رەسمىيىتى بېجىرگەن ھەمدە يانفوننى ئىشلىتىپ، 3000 يۈەندىن ئارتۇق تېلېگراف ھەققى زىيىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ تۇتىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىلھام دائىم ئۆچ بىسلىق پىچاقنى يېنىدا يوشۇرۇن ساقلاپ يۈرگەن. 2001-يىل 4-ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بىر ئاخشىمى، ئىلھام كوچىدا يولۇچىلاردىن كىملىك كېرەكمۇ دەپ سوراۋاتقاندا، پاتەمنىڭ يالغۇزلىقىنى بايقاپ، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بېرىپ يۈدىمە بوخچىسى (ئىچىدە 2000 يۈەن قىممىتىدىكى بۇيۇم بار)نى بۇلاپ قېچىپ كەتكەن. پاتەم بۇلاڭچىنى تۇتۇڭلار دەپ ۋارقىرىغان. دەل شۇ پەيتتە ئاشۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خەلق ساقچىسى ئەسئەت ئىلھامنى تۇسۇۋالغان. شۇ چاغدا ئىلھام ئۆچ



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

بسلىق پىچاقنى چىقىرىپ، ئەسئەتنىڭ بەل قىسمىغا تىقىۋېتىپ قېچىپ كەتكەن، ئەسئەت ئېغىر يارىلانغان. A شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى ئىلھامنى تۇتقاندىن كېيىن، ئىلھام تۇرۇشلۇق B شەھىرىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىلھامنىڭ B شەھەردە كرېدىت كارتىسىدىن 10 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ ئېلىۋالغانلىقىنى، بانكىنىڭ قەرزنى سۈيلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ A شەھەرگە قېچىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلىغان.

سوئال: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دېلو ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىلھامنىڭ ھەربىر قىلمىشىنىڭ خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىڭ ھەمدە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ.

(6) قانۇن ھۆججەتلىرىگە ئائىت سوئاللار

تەلەپ: ئىمتىھان بەرگۈچىلەردىن سوئالدا بېرىلگەن پاكىت ماتېرىيالىنى پىششىقلاپ ۋە رەتلەپ، سوئالنىڭ تەلىپى بويىچە مۇناسىپ قانۇن ھۆججىتى تەييارلاپ چىقىش ياكى سوئالدا بېرىلگەن قانۇن ھۆججەتلىرىدىكى خاتالىقلارنى تېپىپ چىقىش، ھەمدە ئاساس ۋە سەۋەب كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. قانۇن ھۆججەتلىرىگە دائىر سوئاللارنىڭ جاۋابى ئۆلچەملىك، سۆز-جۈملىلىرى راۋان، تىنىش بەلگىلىرى توغرا بولۇشى، گرامماتىكىلىق خاتالىق بولماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۈلگە: جاۋابكار ئېلى، ئەر، 1970-يىل 8-ئاينىڭ 2-كۈنى تۇغۇلغان، دېھقان، گۈلباغ شەھىرى ئۈزۈمچى كەنتىدىن. 2000-يىل 9-ئاينىڭ 7-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جاۋابكار ئېلى مەزكۇر شەھەرنىڭ شەھەر ئەتراپىدا كېتىۋېتىپ، زىبانەكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئاسىيە (ئايال، 34 ياش)نىڭ ئۇتلاقتا قوي بېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يېقىنلىشىپ گەپكە سېلىشقا باشلىغان. پاراڭلىشىش جەريانىدا ئېلى باسقۇنچىلىق قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ۋە ئاسىيەنى يېقىن ئەتراپتىكى ئازگالغا تارتىپ ئاپىرىپ يەرگە بېسىپ، ئاسىيەنىڭ ئىشتىنىنى زورلۇق بىلەن يىرتىپ باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغان. ئاسىيە جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، قۇتقۇزۇڭلار دەپ توۋلىغان. ئېلى جىنايى قىلمىشىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، يېنىدىكى پىچاقنى چىقىرىپ ئاسىيەنىڭ قورسىقىغا تىقىۋەتكەن، ئاسىيە داۋاملىق قۇتقۇزۇڭلار دەپ توۋلىغان. ئېلى بىر قولى بىلەن ئاسىيەنىڭ گېلىنى

سىقىپ تۇرۇپ، ئاسىيەنىڭ قورسىقىغا يەنە بىر نەچچە پىچاق سېلىپ، ئاسىيەنىڭ نەق مەيدانىدا ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئېلى ئاسىيەنىڭ قولىدىكى سائەتنى ۋە يېنىدىكى 80 يۈەن پۇلنى ئېلىۋالغان ھەمدە ئاسىيەنىڭ جەسىتىنى يېقىن ئەتراپقا كۆمۈۋەتكەن. كېيىندىنلا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بېقىۋاتقان 125 قوينى يېقىن ئەتراپتىكى توغراق كەنتىگە ھەيدەپ بارغان، زاڭ مالنى ساتماقچى بولغاندا بايقىلىپ قالغان. ئېلى جىنايىتىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن، كېيىن قولغا چۈشكەن.

سوئال: ئۆزىڭىزنى مەزكۇر دېلونىڭ ئەيىبلىگۈچىسى دەپ پەرەز قىلىپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دېلو ئەھۋالىغا ئاساسەن بىر پارچە ئەيىبنامە يېزىپ چىقىڭ.

1. شەكلى توغرا، ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك تۈرلەر تولۇق بولۇشى كېرەك.

2. قانۇنغا ئۇيغۇن، پاكىتلىق، خاراكتېرى توغرا بېكىتىلگەن بولۇشى كېرەك.

3. چۈشىنىشلىك، راۋان ۋە ئىخچام بولۇشى، ئىملا خاتالىقى ۋە گىرامماتىكىلىق خاتالىقلار بولماسلىقى لازىم.

4. سوئالدا تىلغا ئېلىنمىغان دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ ئىسمى، ھۆججەت نومۇرى قاتارلىقلارنى ئۆزى خالىغانچە يازسا بولىدۇ. ئەمما ئىمتىھان بەرگۈچى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويسا بولمايدۇ.

(7) مۇلاھىزە سوئالى

تەلەپ: ئىمتىھان بەرگۈچىلەردىن سوئالدا بېرىلگەن ماتېرىيالغا ئاساسەن، ئۆزى ئىگىلىگەن قانۇنشۇناسلىق بىلىملىرى ۋە نەزەرىيىلەردىن پايدىلىنىپ تەھلىل ۋە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇلاھىزىدە كۆز قاراش ئېنىق بولۇش، سەۋەبلەرنى تولۇق چۈشەندۈرۈش، سۆزلەر راۋان بولۇش، مەنتىقىلىق بولۇش، ئىپادىلەش توغرا بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۆلگە: ئامېرىكا، ئەنگلىيە قانۇن سىستېمىسىدىكى دۆلەتلەر ھۆكۈم ئۆرنەكلىرى قانۇنى تۈزۈمنى يولغا قويغان بولۇپ، سودىيىلەر ھۆكۈمى قانۇن چىقىرىش قىممىتىگە ئىگە ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىنكى ئوخشاش تۈردىكى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا چەكلەش كۈچىگە ئىگە. دۆلىتىمىزدە بولسا يازما قانۇن ۋە ئەدلىيىلىك چۈشەندۈرۈشلەر دېلوغا ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىمۇ دېلو ئۆرنىكىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق

ھۆكۈم قىلىش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. «ھۆكۈم ئۆرنىكى، دېلو ئۆرنىكى ۋە ئەدلىيىلىك چۈشەندۈرۈشى»نى چۆرىدىگەن ھالدا كۆز قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ.

تەلەپ:

1. تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش، باھا بېرىش ئاساسىدا كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ھەمدە قانۇن بىلىملىرى ئارقىلىق سەۋەبلەرنى چۈشەندۈرۈش.

2. سەۋەبلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش، سۆز-جۈملىلەر راۋان بولۇش، ئىپادىلىشى توغرا بولۇش

3. خەت سانى 500 دىن كەم بولماسلىقى كېرەك.

# مۇندەرىجە

2006–يىللىق دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى توغرىسىدا ئىزاھات ............................(1)

قانۇن نەزەرىيىسى ئىلمى

ئاساسىي تەلەپ ..........................................................................(1)
بىرىنچى باب قانۇن سۇبىستانسىيىسى ..................................................(1)
ئىككىنچى باب قانۇننىڭ ئىشقا سېلىنىشى ..........................................(4)
ئۈچىنچى باب قانۇننىڭ تەرەققىياتى ....................................................(6)
تۆتىنچى باب قانۇن ۋە جەمئىيەت ......................................................(8)

قانۇن–تۈزۈم تارىخى

بىرىنچى باب جۇڭگونىڭ قانۇن–تۈزۈم تارىخى ......................................(10)
ئىككىنچى باب چەت ئەللەرنىڭ قانۇن–تۈزۈم تارىخى ..............................(12)

ئاساسىي قانۇن

ئاساسىي تەلەپ ..........................................................................(14)
بىرىنچى باب ئاساسىي قانۇننىڭ تۈپ نەزەرىيىسى .................................(14)
ئىككىنچى باب دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمى (1) ........................................(16)
ئۈچىنچى باب دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمى (2) .........................................(17)
تۆتىنچى باب پۇقرالارنىڭ ئاساسىي هوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى ......................(19)
بەشىنچى باب دۆلەت ئاپپاراتلىرى ......................................................(20)

ئالتىنچى باب ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە كاپالىتى ..............................(23)

## ئىقتىسادىي قانۇن

ئاساسىي تەلەپ ..........................................................................(26)
بىرىنچى باب رىقابەت قانۇنى ..........................................................(26)
ئىككىنچى باب ئىستېمالچىلار قانۇنى ...............................................(28)
ئۈچىنچى باب بانكا كەسپىگە دائىر قانۇنلار ..........................................(29)
تۆتىنچى باب ئاكسىيە قانۇنى ............................................................(30)
بەشىنچى باب مالىيە-باجغا دائىر قانۇنلار ..........................................(33)
ئالتىنچى باب ئەمگەك قانۇنى ...........................................................(34)
يەتتىنچى باب يەر باشقۇرۇش قانۇنى ۋە ئۆي-زېمىن قانۇنى ........................(36)
سەككىزىنچى باب مۇھىت ئاسراش قانۇنى ..............................................(37)

## خەلقئارا قانۇنلار

ئاساسىي تەلەپ ..........................................................................(38)
بىرىنچى باب كىرىش سۆز ...............................................................(39)
ئىككىنچى باب خەلقئارا قانۇن سۇبيېكتى ..............................................(39)
ئۈچىنچى باب خەلقئارا قانۇن جاۋابكارلىقى ..........................................(40)
تۆتىنچى باب خەلقئارا قانۇندىكى ماكاننىڭ ئايرىلىشى .............................(41)
بەشىنچى باب خەلقئارا قانۇندىكى شەخس .............................................(42)
ئالتىنچى باب دىپلوماتىك مۇناسىۋەت قانۇنى ۋە كونسۇل مۇناسىۋىتى قانۇنى .............(43)
يەتتىنچى باب شەرتنامە قانۇنى .......................................................(44)
سەككىزىنچى باب خەلقئارا تالاش-تارتىشلارنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشى ............(45)
توققۇزىنچى باب ئۇرۇش ۋە قوراللىق توقۇنۇشقا دائىر قانۇنلار ...........................(46)

## خەلقئارا خۇسۇسىي قانۇن


ئاساسىي تەلەپ ............................................................(47)

بىرىنچى باب خەلقئارا خۇسۇسىي قانۇن توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ..............................(47)

ئىككىنچى باب خەلقئارا خۇسۇسىي قانۇننىڭ سۇبيېكتى ..........................................(48)

ئۈچىنچى باب قانۇنلار توقۇنۇشى، توقۇنۇش قائىدىسى ۋە ئاساسلىنىدىغان قانۇن ..........................(50)

تۆتىنچى باب توقۇنۇش قائىدىسىگە تەتبىقلىنىدىغان تۈزۈملەر ..........................................(51)

بەشىنچى باب خەلقئارا ھەق تەلەپ، سودا مۇناسىۋىتىدە قانۇننىڭ تەتبىقلىنىشى ..........................(52)

ئالتىنچى باب خەلقئارا ھەق تەلەپ، سودا ئىشلىرىغا دائىر تالاش-تارتىشلارنىڭ ھەل قىلىنىشى ...(55)

يەتتىنچى باب رايون ئارا قانۇن مەسىلىلىرى ..........................................(57)


## خەلقئارا ئىقتىسادىي قانۇن


ئاساسىي تەلەپ ............................................................(59)

بىرىنچى باب كىرىش سۆز ..........................................(59)

ئىككىنچى باب خەلقئارا مال سېتىۋېلىش-سېتىش ..........................................(60)

ئۈچىنچى باب خەلقئارا مال ترانسپورتى ۋە سۇغۇرتىسى ..........................................(61)

تۆتىنچى باب خەلقئارا سودىدىكى بېرىم ..........................................(62)

بەشىنچى باب تاشقى سودىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ..........................................(63)

ئالتىنچى باب دۇنيا سودا تەشكىلاتى ..........................................(65)

يەتتىنچى باب خەلقئارا ئىقتىسادىي قانۇن ساھەسىدىكى باشقا قانۇن-تۈزۈملەر ..........(65)


## ئەدلىيە تۈزۈمى ۋە قانۇن كەسپىي ئەخلاقى


ئاساسىي تەلەپ ............................................................(68)

بىرىنچى باب ئەدلىيە تۈزۈمى ۋە قانۇن كەسپىي ئەخلاقى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ...(68)

ئىككىنچى باب سوت تۈزۈمى ..........................................(70)




此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com